# 348232 - سالۋانا دايمۇن شىركىتىگە بازار ئىچىش ۋە مەبلەغ سېلىش توغرىسىدا

## سوئال

بۇ يەردە سالۋانا دايمۇن نامىدىكى مەبلەغ سېلىش شىركىتى بولۇپ، ئۇ شىركەت دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئالتۇن تازىلاش، ئىسلامى ئەشيالارنى ئىشلەپ چىقىرىش قاتارلىقلار، شىركەت يېڭىدىن يەنە كوكىل كويىن شىپىرلىق پۇل ۋە پايچىكى قاتارلىق تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىش ئىشىكىنى ئاچتى.

مەبلەغ سېلىشنىڭ يولى: پاي سېتىۋېلىش ئۈچۈن شىركەتكە ئەڭ ئاز بولغاندا بەش يۈز يورۇ پۇل تاپشۇرىدۇ، 2027-يىلغىچە كۈتۈپ ئاندىن قولىدىكى پاينى ساتالايدۇ، بۇ سىز بىلەن شىركەتنىڭ ئارىسىدىكى توختام، پايچىكى بازار ئەھۋالىغا كۆرە، ئەسلىدىكى مەبلەغدىن زىيادە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق مەبلەغ جەلىپ قىلىشى مۇمكىن، بازاردا مۇنداق پرىنسىپ بار: توقسان كۈن ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرى ئۈچ خېرىدار جەلىپ قىلسام، ماڭا يەتتە يىلغىچە سابىت ھالەتتە ئايلىق ئىش ھەققى بېرىدۇ، ئايلىق بېرىدىغان پۇل مەن سالغان مەبلەغنىڭ يۈزدە يەتتىدىن ئون پىرسەنتكىچە بولغان نىسبەتتە تايىنىدۇ، مەن جەلىپ قىلغان خېرىدارغا سالغان مەبلەغنىڭ يۈزدە بەش پىرسەنتىنى بېرىدۇ، ئۇ خېرىدار جەلىپ قىلغان كىشىگە بولسا يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنت بېرىدۇ، سىستېم مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ. ئەگەر توقسان كۈن مۇددەت ئاخىرلاشقىچە ئۈچ خېرىدارنى جەلىپ قىلالمىسام، مېنىڭ ھېسابىم 2027-يىلغىچە پەقەت مەبلەغ سالغۇچى بولىدۇ، بازاردىن ھېچ قانداق ئىش ھەققىگە ئېرىشەلمەيمەن، بۇ شەكىلدە مەبلەغ سېلىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟، بۇ بازارنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟، بازاردىن بېرىدىغان ئىش ھەققى بىلەن سالغان مەبلەغنىڭ ئارىسىدا مۇناسىۋەت بارمۇ؟بۇ جازانە قاتارىغا كىرەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

Table Of Contents

- شىركەتلەرگە مەبلەغ سېلىشنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرى.
- تور سودىسىنىڭ ھۆكمى.

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى:

# شىركەتلەرگە مەبلەغ سېلىشنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتلىرى.

1-مەبلەغ سالىدىغان ئورۇنلار دۇرۇس بولىشى كېرەك، شىركەتنىڭ ئىلان قىلغىنى بويىچە ئۇنىڭ دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا، دۇرۇس بولغان ئالتۇن تىجارىتىگە مەبلەغ سالغانلىقىنى چوقۇم تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك، چۈنكى ئالتۇن سودىسىدا سودا قىلغان سورۇندا تاپشۇرۇپ ئېلىش شەرت قىلىنىدۇ، ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئالتۇن سودىسى قىلىش توغرا بولمايدۇ، ئۇ جازانە بولىدۇ.

2-سالغان ئەسلى مەبلەغگە كاپالەت بەرمەسلىكى كېرەك، بىز ئېلاندا شىركەتنىڭ ئەسلى سالغان مەبلەغگە كاپالەت بېرىدىغانلىقىنى كۆردۇق، بۇ شېرىكچىلىكنى بۇزىدۇ، بۇنىڭغا كېرىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى لازىم قىلىدۇ، چۈنكى ئەسلى مەبلەغ كاپالەتلىك بولسا ئۇ قەرز بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پايدا شەرت قىلىنسا، بۇ قەرز جازابە شەكلىدە ھارام بولغان قەرز بولىدۇ.

3-پايدا ئەسلى مەبلەغنىڭ نىسبىتىگە ئەمەس، پايدىنىڭ نىسبىتىگە ئىتتىپاق كېلىش زۆرۈر بولىدۇ، مەبلەغ كىلىشمىدە پايدىدىن شېركەتنىڭ ئالىدىغان نىسبىتى ۋە مەبلەغ سالغۇچىنىڭ ئالىدىغان نىسبىتىگە قارايدۇ.

4-شىركەت جازانە شەكلىدىكى قەرزدىن ياكى جازانە شەكلىدىكى ھېسابىقا پۇل ياتقۇزىشتىن يىراق بولىشى كېرەك، ئەگەر ئۇنداق قىلسا پايىچېكى ئارىلىشىپ كېتىدۇ، "ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسى" ئارىلىشىپ كەتكەن پايىچېكنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى قارار قىلدى. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن 112445- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

شىركەتنىڭ جازانە شەكلىدىكى قەرزگە ياكى جازانە شەكلىدىكى ھېسابىقا پۇل ياتقۇزغان ياكى ياتقۇزمىغانلىقىنى شېركەتنىڭ يىللىق قارارىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق بىلىشكىز مۇمكىن بولىدۇ.

مۇشۇنىڭ ھەممىسى: ئەگەر شىركەت كەسكىن ئىش قىلىدىغان بولسا ئۇنىڭ يىللىق قارارى بولىدۇ، شىركەت ئۆزىنىڭ رەسمى تورىبىتىگە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە قويىمسا؟!.

بىز شىركەتكە مەبلەغ سالىدىغان ھەر بىر كىشىگە سەمىيمىلىك بىلەن شۇنى نەسىھەت قىلىمىزكى: ئۇلار شېركەتنىڭ ئۆتكەن يىللىق مالىيە دوكلاتىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك، دۆلەتمۇ بارلىق شېركەتلەردىن شۇنى تەلەپ قىلىشى كېرەك، قارار، دوكلاتى ئېنىق بولىشى لازىم، ئۇنىڭدىن شېركەتنىڭ ئۆزى ئىلان قىلغان تۈرلەر بويىچە مەبلەغ سالغانلىقىنىڭ راست ياكى يالغانلىقى، ھارام بولغان جازانە مۇئامىلىلەرگە ئىشلەتكەن ياكى ئىشلەتمىگەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ.

ئەگەر مۇشۇ شەرتلەر تولۇق بولمايدىكەن، بۇ شىركەتكە مەبلەغ سېلىش توغرا بولمايدۇ.

ئىككىنچى:

## تور سودىسىنىڭ ھۆكمى.

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان تور سودىسى سىستېمىسىغا ئىشتىراك قىلىش ھارام بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھارام بولغان قىمار شەكلىگە قۇرۇلغان، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بازارغا كىرگۈچىنىڭ ھەر قاندىقىغا ئىشتىراك ھەققى ئۆتەش، ياكى بىر نەرسە سېتىۋېلىش ياكى پايچېكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش شەرت قىلىنىدىكەن ئۇ قىمار بولىدۇ، ھەق تۆلىشى ئېنىق بولغان، پايدىغا ئېرىشىش ئېھتىماللىق بولغان ھەر قانداق مۇئامىلە قىماردۇر.

رەقەملىك پۇل مۇئامىلە ياكى ئۇنى قەرز بېرىش بازىرى ھارامدۇر، چۈنكى ئۇنىڭدا ئىنسان پۇل تۆلىمىسە ياكى ئەزالىق بەدەل تۆلىمىسە ياكى ئىشلەپ چېقىرىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلىمىسە ياكى پايچېكىنىڭ قىممىتىنى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ھەقلەرنى ئۆتىمىسە بازارغا كىرەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا تۆلەنگەن مال بىلەن باشقا كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئەزالىققا چاقىرىش ئارقىلىق ئېرىشىشى ئۈمىت قىلىنىدۇ، بۇ بەزىدە ھاسىل بولىدۇ بەزىدە ھاسىل بولمايدۇ، بۇ قىمارنىڭ ئۆزىدۇر، ئىشلەپ چېقىرىلغان دېگەن بىر ھېلە ياكى قىممەت باھادا سېتىش، پۇلنى بەرگۈچى بازارنىڭ پۇللىرىدىن ئېرىششنى ئارزۇ قىلدىغان نەرسىنىڭ بەدىلىگە زىيادە پۇل بېرىشكە رازى بولىدۇ، بۇ پۇللارنىڭ ئۆزى مەقسەت قىلىنىدۇ ياكى ئاساسى مەقسەت مەبلەغ سالغۇچى ئۈچۈن بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.